ھوشۇر ئىبراھىم

# غەزەلىيات

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

هوشۇر ئىبراھىم

# غەزەلىيات

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

格则里亚提：维吾尔文/吾守尔·依布拉音著. 一喀什：喀什维吾尔文出版社，2009. 2
ISBN 978—7—5373—1750—4

Ⅰ. 格… Ⅱ. 吾… Ⅲ. 诗歌—作品集—中国—当代—维吾尔语 (中国少数民族语言) Ⅳ. I227

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2009)第 014998 号

责任编辑：齐曼古丽·阿吾提
责任校对：坎拜尔古丽·吾斯曼

# 格则里亚提

作者：吾守尔·依布拉音

喀什维吾尔文出版社出版发行
(喀什市塔吾古孜路 14 号　邮编：844000)
各 地 新 华 书 店 经 销
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
850×1168 毫米 1/32 开本　3 印张　2 插页
2009 年 2 月第 1 版　2009 年 2 月第 1 次印刷
印数：1—2000　　定价：6.00 元

如有质量问题，请与我社联系调换　电话：0998—2653927

本集子选录作者近年以来所写的 100 多首诗作。

مەسئۇل مۇھەررىرى: چىمەنگۈل ئاۋۇت
مەسئۇل كوررېكتورى: قەمبەرگۈل ئوسمان

# غەزەلىيات

ئاپتورى: ھوشۇر ئىبراھىم

---

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 ـ قورۇ، پوچتا نومۇرى: 844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168مم، 1/32
باسما تاۋىقى: 3 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2009 ـ يىل 2 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2009 ـ يىل 2 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 2000 — 1

---

ISBN 978—7—5373—1750—4
باھاسى: 6.00 يۈەن
سۈپەتتە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ
تېلېفون: 2653927 — 0998



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

# «غەزەلىيات» قا كىرىشمە

غەزەل ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىدە ئەڭ ئومۇملاشقان ۋە زور سالماقنى ئىگىلىگەن ئاساسلىق شەكىل بولۇپ، بۈگۈنكى دەۋرىمىزدىمۇ بىر قىسىم شائىرلىرىمىز تەرىپىدىن ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرۇلۇش بىلەن يېڭى شېئىرىيىتىمىزنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ كەلمەكتە. بۇ جەھەتتىن قارىغاندا، غەزەلنى كلاسسىك شېئىرىيىتىمىز بىلەن بۈگۈنكى شېئىرىيىتىمىزنى تۇتاشتۇرغۇچى كۆۋرۈك دېيىشكە ھەقلىقمىز.

شەكلى چىرايلىق، ھەجمى ئىخچام، ئاھاڭدارلىقى كۈچلۈك بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن بارلىق شېئىرىي شەكىللەر ئارىسىدا ئۆزگىچە جۇلالىنىپ تۇرىدىغان غەزەل ئارۇز ۋەزنىنىڭ بارلىق بەھرلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن بولغاچقا، پىكىر سىغىمچانلىقى ۋە رەڭدارلىقتا ۋايىغا يەتكەن، شائىرنىڭ ھېسسىياتىنى قاناتلاندۇرغۇچى لىرىك تۇيغۇلارنىڭ مەھسۇلىدۇر. ئۇنىڭدا شېئىر بىلەن كۈي مەھكەم جىپسىلىشىپ كەتكەنلىكتىن، ناخشا قىلىپ ئېيتىشقىمۇ بەك ماس كېلىدۇ. سەنئەت خەزىنىمىزدىكى بىباھا گۆھەر — ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ ئەنە شۇنداق سەرخىل غەزەللەردىن ئۆزىگە چوڭقۇر مەنىدارلىق، جۇشقۇنلۇق ۋە ئۆلمەس ھاياتىي كۈچ ئېلىپ، مۇقەددەسلىك ئەۋجىدە ياڭراپ كېلىۋاتقانلىقى پىكىرىمىزنى يارقىن دەلىللەپ تۇرۇپتۇ.

كلاسسىك شائىرلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ پاساھەتلىك غەزەللى-

ـرىدىن خاس دىۋانلارنى تۈزۈشكەن ۋە «غەزەلىيات» دەپ ئاتاشـ
قان. بۇنىڭ تىپىك مىسالى بىلال نازىمى (1825 — 1900)
نىڭ «غەزەلىيات» ىدۇر.

بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا كۆپلىگەن شېئىر توپـ
لاملىرىنىڭ نەشر قىلىنغىنىغا قارىماي، خاس غەزەللەردىن تۈـ
زۈلگەن توپلاملار بەكلا ئاز بولدى. مەرھۇم شائىر روزى سايىت
ھايات چېغىدا «مەرھابا» ناملىق بىر غەزەللەر توپلىمىنى نەشر
قىلدۇرغانىدى. ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن دوست - يارەنلىرىنىڭ
نەشرگە تەييارلىشى بىلەن «روزى سايىت شېئىرلىرى (1)»
ناملىق تولۇق غەزەللەر توپلىمى ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشـ
تى. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن يەنە شۇ خىلدىكى بىر
يېڭى توپلام — «غەزەلىيات» نىڭ نەشر قىلىنىشى بىلەن بۇ
قاتارغا غەزەللەر گۈلىستانىدىن تىزىلغان يەنە بىر گۈلدەستە
قوشۇلدى.

«غەزەلىيات» نىڭ ئاپتورى ھوشۇر ئىبراھىم يېرىم ئەسىرـ
دىن كۆپرەك ئۆمرىنى ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن ئۆتكۈزگەن تۆھپىـ
كار ئۇستاز ۋە پېشقەدەم شائىرلىرىمىزدىن بىرى. ئۇ 1937ـ
يىلى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ناچۇق كەنتىدە تۇغۇلـ
غان. 1954 - يىلى سابىق شىنجاڭ مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنى
پۈتكۈزۈپ قەشقەر پېداگوگىكا مەكتىپىگە تەقسىم قىلىنغان.
1995 - يىلى پېنسىيىگە چىققان. ئۇ 1951 - يىلى تۇنجى
شېئىرىنى ئېلان قىلىپ ئىجادىيەت ساھەسىگە قەدەم باسقاندىن
كېيىن، 1958 - يىلىدىكى «ئىستىل تۈزىتىش» ھەرىكىتى
باشلانغانغا قەدەر ئۆتكەن قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە تولۇپ تاشقان
قىزغىنلىق بىلەن «ئايدىڭ كېچە»، «گۈلدەستە قويدۇم» قاتارـ
لىق بىرمۇنچە ياخشى شېئىرلارنى يېزىپ، ئۈمىدلىك ياش شائىر
سۈپىتىدە جامائەتچىلىككە تونۇلغانىدى. كېيىن نۇرغۇن دىشۋارـ

چىلىقلارغا ئۇچراپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە بىر مەزگىللىك ئۇ-
زۇكچىلىك پەسلىنى باشتىن كەچۈرۈپ، يېڭىۋاشتىن قەددىنى
رۇسلاپ ئەدەبىي ئىجادىيىتىنى داۋاملاشتۇردى ۋە كۆپلىگەن شې-
ئىر-داستانلارنى — «چېلىش تەنتەنىسى»، «باھار ئىشقى»،
«ئاق بۇژغۇن» (باشقىلار بىلەن بىرلىكتە)، «تارىم ئۇنچىلى-
رى»، «تۇپراق قەسىدىسى» قاتارلىق توپلاملىرىنى يورۇقلۇققا
چىقاردى. «غەزەلىيات» ئۇنىڭ يۇقىرىقى كىتابلىرىدىن كېيىن-
كى يەنە بىر يېڭى كىتابى بولۇپ، بىر قەرنەلىك ئەمگەك مېۋىسى
بولغان غەزەللىرىنىڭ مۇجەسسىمىدۇر.

بۇ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن ئەسەرلەرنىڭ بەدىئىي سەۋىيىسى
ھەققىدە ئارتۇقچە سۆزلەپ ئولتۇرمايمەن. چۈنكى، غەزەللەر
شېئىرىيەت ئىلمىدىكى ئەڭ قىيىن پەن ھېسابلىنىدىغان ئارۇز
ۋەزنىدە يېزىلىدىغان بولغاچقا، ئۇلارنى ئۆز ۋەزىن قائىدىسىدە
ئوقۇش ۋە ھوزۇر ئېلىش ئوقۇرمەنلەرنىڭ سەۋىيىسى، ماھارىتى
ۋە قىزىقىشىغا باغلىق مۇرەككەپ ئامىللارغا چېتىلىدۇ...

مەن ئاخىرىدا پۈتۈن ئۆمرىنى ئەۋلادلار تەربىيىسى ۋە ئەدە-
بىي ئىجادىيەت ئىشلىرىغا بېغىشلىغان بۇ تۆھپىكار ئۇستاز ۋە
تونۇلغان قەلەم ساھىبىنى يېڭى ئەجىر مېۋىسى بىلەن مۇبارەك-
لەيمەن ھەمدە ئۇنىڭ ئىشلىرىغا مۇۋەپپەقىيەت، قەلىمىگە بەرى-
كەت تىلەيمەن.

ھاجى ئەھمەد كۆلتېگىن

2008 - يىل 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى

1

مەن ياشاپ كەلدىم ئۇزاقتىن كۆكتە ئەمەس، تۇپراقتىمەن،
ھەرگىياھ، تاشى مۇقەددەس ياپيېشىل يايلاقتىمەن.

تۇغۇلۇپ ئۈستۈم شۇ تۇپراق چالمىسىنى قەنت بىلىپ،
تەمتىلەپ ماڭدىم، ئەقىل تاپتىم زېمىن - ئامراقتىمەن.

ياشلىقىم تاپتى كامال، قۇربىم بەجايى تاغ مېنىڭ،
نۇر بولۇپ ئالەم يورۇتتۇم ھەيۋەتلىك چاقماقتىمەن.

ئەل ئۈچۈن بولدۇم باراڭدا شىرنىلىك سايۋا ئۈزۈم،
يا كۈمۈش ياپراقى بار، ئالتۇن يېمىش ئاسماقتىمەن.

ئۆزگىدە شاھ بولغىنىمدىن مىڭ ئەزىز كۆردۈم ئەبەد
مىلىنىپ تۆكسەم ھالال تەر، ساپسېرىق پاتقاقتىمەن.

بۇلبۇلى بولدۇم شۇ تۇپراق قامۇسىنى كۈيلىگەن،
جەزبىلىك كارۋان بىلەن ئىقبالسېرى بارماقتىمەن.

ئېھ، ئانا تۇپراق ئەزىز يەر، بەقۇۋۋەت ئوغلۇڭ بولۇپ،
يولدا تاش، دەريادا ئۈپقۇن، سۇر بۇلۇت يارماقتىمەن.

ئايلىنىپ كەتسەم توپاغا سىڭسەم بۇلۇتقا يەم بولۇپ؛
ئىزدېگىن، تۇپراق قامالاپ كۆكلىگەن ياتاقتىمەن.

2

ياشىنىپ قالدىم نىگارىم چاچلىرىم ئاپئاق مېنىڭ،
ئىشقى جامىغا چىلانغان يۈرىكىم ساپساق مېنىڭ.

شۇ سەۋەب پىكىر - خىيالىم ئايلىنىپ كەتمەس نېرى،
كەچلىرى ئىشىكىڭدىن ئۆتسەم كۈيلىرىم ياڭراق مېنىڭ.

كىرپىكىم تال - تال ئېچىلغان — ئۇيقۇدىن بىدارىمەن،
تۈن بويى كۆرگەن چۈشۈم گويا يېنىك توزغاق مېنىڭ.

كىم مېنى دەيدۇ مۇھەببەتتىن يىراق قامغاق، تىكەن،
ھېسلىرىم ئويناق بۇلاقتەك شام - سەھەر ئويغاق مېنىڭ.

كىمكى جاندىن ئايرىلىپتۇ ئۇ مۇھەببەتتىن يىراق،
تىنىقىم باركى، داۋامەت يۈرىكىم ئويناق مېنىڭ.

3

چىقمىدىڭ جانان ئۆيۈڭ، داۋزاڭنى قاقسام مەيلىمۇ،
ياكى ئۆگزەڭگە سىجىل چالمىنى ئاتسام مەيلىمۇ.

تۇنۇتاڭ ئىشقى ۋىسالىڭ ئىلكىدە بىمار بولۇپ،
رەنجىمە شىپا تىلەپ ئۆيۈڭنى باقسام مەيلىمۇ.

كۆكتىكى يۇلتۇز مەسىللىك كۆزلىرىڭگە تەلمۈرۈپ،
رەج - بىتاب بولۇپ كۆيۈك دەردىنى تارتسام مەيلىمۇ.

قانچە دوزاخ ئوتلىرى يەتمەيدىكەن ئىشق ئوتىغا،
ئەمدى باغرىمنى قىلىپ مۇزلارغا ياقسام مەيلىمۇ.

ئاھ! نىتەي، تۇتتى خۇمارىڭ مەن ياقامنى چاك ئېتىپ،
ئاچچىقىمغا پايلىماي يانتاقتا ياتسام مەيلىمۇ.

ياكى ئەل - يۇرت ئالدىدا شەرم - ھاياسىزلىق قىلىپ،
گۆش كانارىغا يالاڭ جىسمىمنى ئاسسام مەيلىمۇ.

يا سىنى زۆھرە كەبى ھىجران ئوتىدا قالدۇرۇپ،
خۇددى تاھىردەك ئۇلۇغ دەريادا ئاقسام مەيلىمۇ.

سەۋرى جامىم تولدى ئاخىر مەن بوسۇغاڭدا يېتىپ،
ساڭا قۇربانلىق بولۇپ قانىمنى چاچسام مەيلىمۇ.

4

ئەل سىنى ئەلا بىلىپ مەنسەپنى بەردى دوستىما،
گۈل قىلىپ باشقا ئېلىپ ھۆرمەتنى بەردى دوستىما.

تەكتىنى بىلسەڭ خەلقىنىڭ چاكىرى بولغىن، دېگەن—
مەنىلىك بۇيرۇق يەنە پۇرسەتنى بەردى دوستىما.



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

ئەر غېمى — ئەلنىڭ غېمى، ئەل قەلبىنى سۆزلەيدۇ، دەپ
ئەڭ ئۇلۇغ شانۇشەرەپ، نۇسرەتنى بەردى دوستىما.

ئەل ئۇچۇن سويما سېلىپ، قوغۇن بولۇپ پىشماق كېرەك،
بىباھا ئاتەش يۈرەك — خىسلەتنى بەردى دوستىما.

سەن بىلىپ ئەل قەدرىنى ئەلنى ئۇلۇغ بىلسەڭ ئەگەر،
تاجۇتەخت ئابرۇيغا ماس خىزمەتنى بەردى دوستىما.

ئەل ئىچى ئالتۇن بۆشۈك، ئەلدىن ئۆگەن، ئەلگە يېپىش،
ئەل بىلەن ئەر يۈكسىلەر — ھېكمەتنى بەردى دوستىما.

گەر ئۆزۈڭنى چاغلىماستىن ئەلنى بىلسەڭ دۆت، نادان،
ئەرزىمەس خەستىن بەتتەر قىسمەتنى بەردى دوستىما.

ئەلگە تۇزكورلۇق قىلىپ بەرگەن تۇزىنى خارلىساڭ،
بىر تىيىنگە ئەرزىمەس قىممەتنى بەردى دوستىما.

بۇ ھەقىقەت قامۇسىنى مەن ساڭا تەقدىم ئېتەي،
تەمىنى بىلسەڭ شېرىن لەززەتنى بەردىم دوستىما.

## 5

مەن بىر مايسا، سەن ماڭا گۈلگۈن باھار ئەمەسمۇ،
خەستە كۆڭلۈم ھۇزۇرى مەڭزىڭ ئانار ئەمەسمۇ.

گۈل بەرگىدۇر لەۋلىرىڭ، ئاغزىڭ گۈلاپ جامىدۇر،
بېقىشلىرىڭ تەنگە جان زەپ جىلۋىگەر ئەمەسمۇ.

كىرپىكلىرىڭ قوش قىلىچ، قېشىڭ ئاينىڭ ئەندىزى،
زىنىخلىرىڭ مەرۋايىت، بويۇڭ چىنار ئەمەسمۇ.

مەن قىزىلگۇل باغدىكى يىلتىز سۇرۇپ ئايىنغان،
ھۆسنىمگە رەڭ، تەنگە كۇچ، سەن ھۆر دىيار ئەمەسمۇ.

قىسىپ قالسام بوينۇمنى غېرىبسىنىپ يىگانە،
تاغدەك غۇرۇر بېغىشلاپ يېنىمدا بار ئەمەسمۇ.

بېقىپ ئاھۇ كېيىكتەك، پىلتىڭلىساڭ بېلىقتەك،
دولقۇنلانغان يۇرەككە كۆكرىكىم تار ئەمەسمۇ.

بىر دەقىقە كۆرمىسەم جىسمىم كۆيۈپ كاۋاپتەك
كۆڭلۇم بولۇر خاراموش، سەن دىلخۇمار ئەمەسمۇ.

سەن كۆڭلۇمنىڭ ئارامى، ھاياتىمنىڭ قىيامى،
كېتىپ قالساڭ يېنىمدىن ئۆزۇم بىمار ئەمەسمۇ.

ئاشۇ سەۋەب نىگارىم ھىجران ئوتى سالمىغىن،
سېنىڭ ئۇچۇن ھاياتىم كۆپ ئىنتىزار ئەمەسمۇ.

**6**

كۆڭلۇمگە چۇشتى مىڭ سەۋدا خۇمار كۆزلەر قاراسىدىن،
نە سەۋدا، ئوت تۇتاشتىكى، قارا كۆزنىڭ بالاسىدىن.

قېنىم ئايلاندى كەۋسەرگە، تېنىم ئېرىپ سىماب بولدى،
قۇتۇلماقلىق بەسى مۇشكۇل ئاشۇ ئاتەش جازاسىدىن.

پەلەكنى ئوتقا قاقلايدۇ نەپەستىن پۇركىگەن ئاتەش،
نىدايىم سىرتقا ئاڭلانماس تىلىم پالەچ ۋاباسىدىن.

گويا مەجنۇن بولۇپ قالدىم تۇرار جايىمنى بىلمەيمەن،
چېقىپ چاقماق، بۇلۇت يىغلار پىغانلىق كۆز نىگاھىدىن.

ۋىسالىڭ ئىشقىدا بەربات بولۇرمەنمۇ، دىلىم غەمناك،
يۇرەككە سانجىلار ئوقيا مۇھەببەتنىڭ ياراسىدىن.

تىلەيمەن، ئەي قارا كۆزلەر سىلەردىن سۆيگىگە دورا،
بىرىڭلار خەستە كۆڭلۈمگە لېۋىڭلارنىڭ داۋاسىدىن!

7

ئىلتىجا قىلسام يۇرەكتىن ئەي قەلەمقاش بىلمىدىڭ،
ئەگىشىپ سايەڭ كەبى يۇرسەم نەپەسداش بىلمىدىڭ.

مەن سېنى كۆرگەن كۇنۇم ئۆزسەم ۋىسال دەرياسىدا
بىر دەقىق باقماي ماڭا، كەتتىڭكى دىلداش بىلمىدىڭ.

كىرپىكىم تال - تال قىياق، بەرگىدە ھىجران تامچىسى،
كۆزلىرىم چەشمە بۇلاق بولدى ئەلەمداش بىلمىدىڭ.

ئاھ! خۇدا، باشىمغا سەۋدا چۈشتى بىر دىۋانىمەن،
تەلۋىدەك دەۋرەپ يۈرۈيمەن قىلچە ھېسداش بىلمىدىڭ.

ئاھ! نىتەي، تەلەي قۇشى قونماپتىكەن باشىمغا ھەي...
سۆيگىگە چاڭقاق بولۇپ كەلسەمكى قولداش بىلمىدىڭ.

8

سەن مېنى ناخۇش بىلىپ تاندىڭ، بىراق خۇشتارىمەن،
ياڭرىتىپ چالساڭ ئەجەمگە ئۈن قاتار دۇتارىمەن.

دىلشىكەستە ئايۋانىدا باقساڭ كوۋۇك پەيدا قىلىپ،
ھەر سەھەر بۇغ - بۇغ قىلىپ ئۈنلەيدىغان دەمدارىمەن.

دىلخانەڭ غەمناك چۆلگە ئايلىنىپ كەتسە ئەگەر،
مېھرىدىن گۈللەر تېرىپ باغ قىلغۇچى گۈليارىمەن.

گەر شۇ باغ ئىچرە ۋىسال جامىدا مەي ئىچسەك قېنىپ،
قەلبىمىز ئويغانقۇچى ئۈيغۈر سېزى «خۇشتار»ىمەن.

سەن ئەگەر توغراق بولۇپ ئۈنسەڭ پىغان بارخانىغا،
بۇلبۇلى شەيدا بولۇپ سايرايدىغان دىلدارىمەن.

نە ئۈچۈن مەندىن يامانلاپ ياش تۆكەر بولدۇڭ نىگار،
تاش يۈرەك دەمسەن مېنى، يار ئىشقىدا ئاۋارىمەن.

شاخ ساناپ يۈرگەن ساراڭقۇش ئويلىما جانان مېنى،
سۆيگىدە سادىق - ۋاپادارلار پىرى — سۇلتانىمەن،

ئىزلىرىڭ تۈگدۈم كۆڭۈلنىڭ ياغلىقىغا چىڭ قىلىپ،
بىز ۋىسال پەيتىگە يەتكەندە كۆڭۈل ئىزھارىمەن.

ئىشق ئوتى - كۆيدۈرگۈچى، سەنمۇ ئوتتا كۆي نىگار،
مەن سىنىڭ ئىشقىڭدا شۇ ئوت كۆيگۈچى خۇمدانىمەن.

9

ئانامنى، گۈلنىگارىمنى ھاياتلىق باغچىسى دەيمەن،
بۇ ئۆمرۈمنىڭ ئالتۇن مۇنارى — تاجىسى دەيمەن.

ھاياتلىق ئۇ بىلەن خۇددى ئۇزۇلمەس بىر ئەزىم دەريا،
قەدىر - قىممەتكە تەڭداشسىز يۈرەكنىڭ پارىسى دەيمەن.

ئۆيۈمدە بەزمە قاينايدۇ، ئۇ بولسا كۆڭلى - قارنىم توق،
ئۆتەر تۇرمۇش ھېيت يەڭلىغ بەختىنىڭ ئەلچىسى دەيمەن.

ياقام كىرسىز، بالام خۇشخۇي... ئۆيۈم چاقنايدۇ ئاپتاپتەك،
ئۇ كۆركى - زىننىتى ئۆينىڭ — خوتەننىڭ زىلچىسى دەيمەن.

نىگارىمدىن بىلەر دىلنىڭ سىرىنى ھېچ خاتاسىزلا،
ئۇنىڭ قەلبى ئەجەب تۈيغۇن كۆڭۈلنىڭ رەمچىسى دەيمەن.

ۋاپادارلىق، گۈزەللىك بابىدا يەتمەس ئاڭا ھېچكىم،
ئۇنىڭ رۇخسارىنى ئاپتاپ، باھارنىڭ ئەركىسى دەيمەن.

ئانامسەن، گۈلنىگارىمسەن، قىزىمسەن، ھەمدىدارىمسەن،
سىلەرنى ئىككى ئالەمنىڭ گۆھەر دۇردانىسى دەيمەن.

ئايالىلار، ئېھ قەدىرىدانىلار، سىلەر بولماي ھاياتلىق يوق،
سىلەرسىز يوق كۆڭۈل شادى، خۇشاللىق جارچىسى دەيمەن.

## 10

گۇل دېسەم، گۇلدىن گۇزەل سەھرا قىزى،
ئوقچىغان مارجان بۇلاق شەھلا كۆزى.

ئاي دېسەم، ئاي مۆكتى سەندىن بوپ خىجىل،
چۈنكى، سەن مىسلى تولۇن ئاي ئەندىزى.

شام - سەھەر يانىمدا تۇرغان ئاھۇسەن،
ئاي كەبى قاچمايسەن ھەرگىز كۇندۇزى.

ھەرنىگار، نازىڭنى ئوخشاتسام زۇھەل،
نە زۇھەل، سۇبھىدە چولپان يۇلتۇزى.

ئىككى مەڭزىڭ زەپ مۇنەۋۋەر ئۆرگىلەي،
مىسلى تاڭدا بالقىغان كۇنىنىڭ يۈزى.

ئانا يۇرتقا گۇل چېكىپسەن سۆيگىدىن،
چارچىماس تۇلپار بولۇپ قىشۇ يېزى.

ئاھ! نىتەي، قەلبىمنى ئالدىڭ لال قىلىپ،
جەننەتۇل مەھۋادىكى ھۆرنىڭ ئۆزى.



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com